# كلاسسىك مەنىدىكى تەدرىجى تەرەققىيات نەزەرىيىسىنىڭ ۋاقتى ئۆتتىمۇ قانداق

## تەدرىجى تەرەققىيات نەزەرىيەسى ھەققىدىكى رەڭدار مۇھاكىمىلىك قاراشلار

经典意义的进化论是否过时(1)有关进化论的精彩学术视野与讨论

غەيرەتجان ئوسمان بىلىكيار 艾热提江•噢斯曼•笔理科雅尔 著

ئەسلى ئېلان قىلىنغان مەنبەسى:‹‹بىلىم-كۈچ››ژورنىلى 2013 -يىل -01 سان01 -بەت.

ئاپتورنىڭ ئەسكەرتمىسى: دارۋىنىزم ــ تەدرىجىي تەرەققىيات نەزەرىيەسىگە قارشى پىكىرلىك

كىشىلەرمۇ ئاۋال ئۇنى ئوبدانراق تەتقىق قىلىپ ئوقۇپ كۆرۈشى كېرەك ، ئاندىن ئۇنىڭغا مۇناسىپ ھالدا ! دۇنياۋى سەۋىيەلىك پىكىر قىلغىلى ۋە ئىلمىي رەددىيە بەرگىلى بولىدۇ . بولمىسا بۇ بىر بىلىمسىزلىك ۋە زامانىۋى جاھىللىقتىن باشقا نەرسە ئەمەس .

تەبىئى ھاياتلىق بارلىق

قىممەتلەر مەۋجۇتلىقىنىڭ ئاساسى ۋە تايىنىدىغان يۆلەنچۈ كى ، ئادەمنىڭ بارلىق قىممەت مۇناسىۋەتلىرىنىڭ ھەممىسى ھاياتلىقنى ئالدىنقى شەرت قىلغان بولىدۇ . شۇڭا ھاياتلىق ئىلمىنى تەتقىق قىلىش ئەڭ ئەھمىيەتلىك خىزمەتلەردىن بىرى . ـــ ئايىم ئىسكەندەر

تىرىك ئىنساندا شۇنداق بىر ساماۋىي فونكسىيە ۋە ھەر زامان - ماكاندا دەخلى تەرۇزسىز بىر مەقەددەس ھوقۇق باردۇركى ، ئۇ بولسىمۇ تەپەككۇر قىلىش ئىقتىدارى ۋە ھوقۇقىدۇر . ـــــ قەلب خاتىرەمدىن

تارختىن بۇيان ئىنسانىيەتنىڭ كېلىش مەنبەسى (Human Origin) ۋە تەبىئى ئۆزگىرىش (ئېۋولۇتسىيە ؛演化؛ Evolution)ھاياتلىق ئىلمى (بىئولوگىيە) تەتقىقاتىدىكى ئەڭ قىزغىن ۋە ئەڭ باش ئاغرىتىدىغان قىزىق نۇقتا ھەم قىيىن تېما بولۇپ كەلدى . بۇنىڭ ئىچىدە ئادەمنىڭ دەرىجىدىن تاشقىرى ئەقلىي ۋە پائالىيەت(ھەركەت)ئىقتىدارىنىڭ تەبىئى ئۆزگىرىش جەريانىدىكى م ولېكۇلا مىخانىزىم ى، ئاقسىلنىڭ قۇرۇلمىسى ۋە فونكى سىيەسىنىڭ ئۆزگىرىش مىخانىزىمى، ئىرسىي كود (Genetic Code)،غول ھۈجەيرە (Stem Cells)ھەققىدىكى تەتقىقاتلار م وھىمنىڭ موھىمى بولۇپ ،بۇلار ھاياتلىق ئىلمىي تەتقىقاتىنىڭ ئالدىنقى سېپى ۋە ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش نىشانى بولۇپ تۇرماقتا .تۆۋەندە بۇ ھەقتە بەزىبىر ئەھمىيەتلىك مۇھاكىمە ۋە تەتقىقات ئۇچۇرلىرىدىن بەھىر ئېلىپ ئۆتۈ شكە ئەرزىيدۇ . بۇ ، ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئىلىم- پەن جەھەتتىكى تەربىيەلىنىشىنى كۈچەيتىپ، مېڭىمىزنى يېڭى ئىدىيە ۋە يېڭى نۇقتى نەزەرلەر بىلەن قوراللاندۇرۇپ ،بىلىم ۋە نەزەرىيەدە يېڭىلىق يارىتىش ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇشقا پايدىلىق.

ھەر قانداق ئىلىم- پەن مۇنازىرىسىدە ئۆز كۆز قارىشىمىزدا جاھىللارچە چىڭ تۇرۇۋېلىش، كونا ئىدىيەلەرنىڭ

ئاسارىتىدىن قۇتۇلۇپ چىقالماسلىق ۋەياكى ھالقىپ چىقىشقا جۈرئەت قىلالماسلىق ئىلىم- پەن مۇنازىرىلىرىدە ئۇتۇپ چىقىشنىڭ ئاقىلانە يولى ئەمەس . ئەكسىچە قارشى تەرەپنىڭ مەيدانىنى ، تەتقىقاتتىكى تايىنىش ئاساسىنى چۈشىنىپ تۇرۇپ ، ئۇنىڭغا مۇناسىپ ھەلدا ئەقلىي رەۋىشتە ئىلمىي ، ئاقىلانە ئىنكاس قايتۇرۇشتىن ئىبارەت . ئىلىم-پەن ھەقىقەتلىرى ھەرگىزمۇ ئۆزلىكىدىن ئاشكارىلانماستىن مۇھاكىمە ۋە تەتقىقات نىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ ئايدىڭلىشىپ بارىدۇ. مەلۇم خىل نەزىرىيە،ئىدىيە ،پىكىر ئىبقى مىغا ئىشەنگۈچى ياكى ئۇنىڭ ھىماي ىچىلىرىنىڭ قارشى پىكىردىكىلەردىن ئۆزىنى قاچۇرۇشى ئەمەلىيەتتە ،ئۇ بىر ئىلىمدىكى پاراسەتسىزلىك ،ئاجىز ، چولتىلىق ۋە نادانلىقتىن باشقا نەرسە ئەمەس . ئەكسىچە قارشى پىكىرلەرگە ئەستايىدىل قۇلاق سېلىپ، ئۇلارنىڭ مەيدانى، ئاساسى ئىددىيىسى ، تۈپكى قاراشلىرىنىڭ ماھىيىتىنى ئىنچىكە تولۇق چۈشىنىپ تۇرۇپ پىكىر قىلغاندىلا ئاندىن قارشى پىكىردىكىلەرگە ئۈنۈملۈك ئىلمىي رەددىيە بېرىپ ،ئۆزىنىڭ ئېتىقادىنى مۇستەھكەملەپ ، جاسارىتى ، پەزىلىتى ۋە پاراسىتىنى ھەقىقى نامايەندە قىلغىلى بولىدۇ . شۇڭا بىز كىم ۋە قانداق قاراشتىكى ئىلىم ئەھلى ۋە مۇھاكىمە ئىشتىراكچىسى بولمايلى، ئاۋال قارشى تەرەپنىڭ مەيدانى ،مۇھاكىمە كوردىناتى ۋە نەزىرىيە ئاساسىنى چۈشىنىۋېلىپ، نىترال ۋە بىتەرەپ مەيدان، لىللا ئىلمىي پوزىتسىيەدە تۇرۇپ باراۋەر ، ئىناق دوستانە بولغان ئىلىم-پەن تىلى بىلەن كۆلۈمسىرىگەن ھالدا سىلىق سىپايە مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىشقا توغرا كېلىدۇ . مانا بۇ ئەتراپلىق تەربىيە كۆرگەن كۈچلۈك ئىلمىي مۇھاكىمە م وھتىدا تاۋلىنىپ- پىشىپ يېتىلگەن ،كۆپنى كۆرگەن بىر لاياقەتلىك ،مەسئۇلىيەتچان ئىلىم ئەھلىدە بولۇشقا تېگىشلىك ئېسىل خىسلەت، پاراسەت ۋە پەزىلەتتۇر.

ھەممىگە مەلۇم بولغىنىدەك، «تەدرىجى تەرەققىيات نەزىريەسى » بىلەن «يارىتىلىش نەزىريەسى » ئوتتۇرىسىدىكى تالاش تارتىشلارنىڭ داۋاملىشىۋاتقىنىغا ئىككى ئەسىردىن ئاشتى. بىراق كۆپ ساندىكى كىشىلەر بۇ تالاش تارتىشنى دىندارلار بىلەن دەھرىي (دىندىن مۇستەسنا؛(世俗لەر ئوتتۇرىسىدىكى تالاش تارتىشتىنلا ئىبارەت دەپ قارايدۇ .ئەمەلىيەتتە، بۇ ھەقتە مۇنازىرە بولسىلا مۇنا زىرىنىڭ بارلىق ئىشتىراكچىلىرى ئۆزلىرىنىڭ بىر تالاي قاراشلىرىنى كۆتۈرۈپ چىقىشىدۇ.دىندارلار ياكى دىنى ئېتىقاد ئارقا كۆرۈنىشىگە ئىگە كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ دىنى قاراش ۋە ئىدىيەلىرىنى چىقىش نۇقتىسى قىلىپ تۇرۇپ ئۆز دەلىللىرىنى ئوتتۇرىغا قويسا ،يەنە نۇرغۇنلىغان دەھرىي كىشىلەر، ئاتېئىزمچى(ئىلاھسىزلىق تەرەپدارلىرى؛(无神论، دارۋىنىزىمچىلار ئۆزلىرىنىڭ «ئىلاھسىز دىن« (无神宗教)لىرىنى بازارغا سېلىشىدۇ . ئۇلارنىڭ بازارغا سېلىۋا تقان ئىلاھسىز دىن ئەنئەنىۋىي دىنغا قارىغاندا بۈگۈنكى دەۋرگە تېخىمۇ بەكرەك ماس كېلىدۇ دەپ قارايدۇ .ئاز بولمىغان دارۋىنىزىمچىلارنىڭ ھەقىقەتەنمۇ دىنى ئېتىقادى بار، ھەتتاكى ئۇلار تولىمۇ سادىق بولغان ئىخلاسمەن ئېتىقادچىلاردىندۇر . مەسىلەن ئامېرىكىلىق بىئولوگ Ken Miller رىم خىرىستىيان دىنى پاپىسىغا بەيئەت قىلىدىغان ئىخلاسمەن مۇرد. ئۇ ھەتتا «دارۋىنىنىڭ پەرۋەردىگارىنى ئىزدىشى (Finding Darwin’s God)«دېگەن كىتابىنى يازغان .يەنە بەزى بىلىپ بولغىلى بولمايدىغان ئىلاھسىزلىق نەزىرىيەسىنىڭ تەشەببۇسچىلىرى ئوخشاشلا غەيرى دارۋىنىزىمچى ياكى «كەنجى دارۋىنىزىمچى»لاردىن ئىكەنلىكى مەلۇم.

لاھىيە ۋە تاساددىبىيلىق مەسىلىسىدىن نۇرغۇن كىشىلەر «تاساددىبىي پەيدا بولۇپ قالغان»مەڭگۈ مەۋجۇت بولىدىغان ئالەم قارىشى ھازىرقى زامان ئىلىم- پېنىنىڭ بايقىشى دەپ قارايدۇ . يەنى م ودىرنىزىمچىلار ئالەم مەڭگۈ توختاۋسىز ھەركەت قىلىپ تۇرىدىغان ،ئاتومنىڭ ئۆزلىكسىز بىرىكىپ ۋە پارچىلىنىپ،كونىسى بىلەن يېڭىسى بىرىكىپ پۈتۈنلەي يىپ- يېڭى دۇنيانى شەكىللەندۈرۈپ ئايلىنىۋاتقان جەريانى دەپ قارايدۇ. شەكىل نەزىرىيەسى تەتقىقاتىنىڭ ئاساسچىسى ۋە يېتەكچىسى قاسىم سىدىق «ئالەم دەۋرىيلىككە ئىگە ،ئالدىنقى بىر دەۋرنىڭ ئاخىرلىشىشى كېيىنكى يېڭى بىر دەۋرىيلىكنىڭ باشلىنىشى دەپ قارايدۇ ۋە شەكىل ئۇقۇمىنى ھاياتلىق ئىلمىگە ئېلىپ كىرىش ئىنتايىن زۆرۈر، ئىنسانلار ئېرسىيىتى ۋە گېن قۇرلمىسىنى تەرتىپ ۋە پروگراما نۇقتىسىدىنلا ئەمەس شەكىل نوقتىسىدىن تەتقىق قىلىشمۇ ئىنتايىن ئەھمىيەتلىك »دەپ قارايدۇ.

21-ئەسىردىكى ئىلىم- پەن ئالەمنى بىر « بۈيۈك لاھىيە »دىنمۇ ئىنتايىن م ۇرەككەپ ۋە نەفىس بولغان « كاتتا ئىجادىيەت» بولۇپ،خۇددى «ئىنجىل» ۋە «قۇرئان» قاتارلىق ساماۋىي كىتابلاردا تەسۋىرلەنگىنىگە ئوخشاپ كېتىدۇ دەپ

قاراپۇ. 1978-يىلىلىق نوبېل فىزىكا مۇكاپاتى ساھىبى Arno Penzias چوڭ پارتىلاشنىڭ ئىسپاتىنى تېپىش ئۈچۈن كۆپ ئەجىر قىلغان بولسىمۇ تاپالمىغان . كېيىن ئۇ «نېۋيورك ۋاقتى گېزىتى »دە يازغان بىر ماقالىسىدە :“مېنىڭ قولۇمدىكى چوڭ پارتىلاشقا ئالاقىدار ئەڭ م ۇكەممەل سانلىق قىممەتلەر دەل ئالدىن ھۆكۈم قىلىنغانغاندەكلا بولۇپ، ئۇ خۇددى مۇسا ئېيتقاندەك، ئىنجىلدا تەسۋىرلەنگەندەكلا خۇلاسىگە كېلىپ قالدىم . ” دەپ يازىدۇ. ئېنگىلىس تىلى مەدەنىيىتىدە «دارۋىنىزىم»، «دارۋىن تەلىماتى» دېگەنلەر ئەمەلىيەتتە تەبىئى ئۆزگىرىش Evolution):(演化بولۇپ، بۇ ئادەتتىكى كىشىلەر ئېڭىدىكى تەدرىجى تەرەققىيات (进化； Evolve)نەزىرىيەسى بىلەن ماھىيەتلىك پەرقلىنىدىغان ئۇقۇم دەپ قارالماقتا. بىراق نۇرغۇن كىشىلەر ئۇنىڭ ئىلمىي مەنىسى ۋە پەلسە پىۋي مەنىسىنى تازا ئىنىق چۈشۈنۈپ كەتمىگەنلىكتىن ئارىلاشتۇرۇپ قويۇدىغان ئەھۋاللارمۇ مەۋجۇ ت. بۇ ئەلۋەتتە ئۇلارنىڭ خاتالىقى بولماستىن دەسلەپكى تەرجىمە ۋە مۇشۇ ئىلىم ساھەسىدىكىلەرنىڭ سەۋەنلىكى . بۇ ھەقتىدىكى بىلىشنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ ، تەدرىجى تەرەققىيات نەزىرىيەسى فىزىكا ۋە خىمىيەگە ئوخشاش مىقدارلاشتۇرۇلغان ،ھاياتلىق ئىلمىنىڭ تېئورمىلىرى ئارقىلىق يەشكىلى ۋە يەتكىلى بولىدىغان ، ئىنىق ھەم چۈشۈنۈشلۈك بولغان گۈزەل ئىلىم- پەن مەنزىرىسىنى كۆرسىتىپ بېرەلىشى كېرەك. بۇگۈنكى ئىنسانلارغا كېرەك بولۇۋاتقىنى كونىراپ ئەبجىقى چىقىپ كەتكەن ئىسپاتلاش ۋە دەلىللەش ئەسلا مومكىن بولمايدىغان ،قايتىلىنىش مومكىنچىلىكى نۆلگە تەڭ بولغانلىقتىن قايىل قىلارلىقىنى يوقۇتۇپ قويغان ئىپتىدائى دارۋىنىزىم تەلىماتى بولماستىن،كۈچلۈك قايىل قىلىش كۈچىگە ئىگە، مول سانلىق قىممەتلەر ۋە تېخىمۇ چوڭقۇر بولغان لوگىكا ۋە پەلسەپە جەھەتتىن نۇقسانسىز ئى لمىيلىق ۋە ئەقلىيلىقتا تېخىمۇ يېقىن بولغ ان ئىلغار ۋە زامان نۋى ئىدىيە، تەجرىبە ۋە تەتقىقات نەتىجىسىدۇر .بۇنداق بىر ئىدىيە ۋە ئىلمىي نەزىريە مەيدانغا كەلمىگەن ئەھۋالدا كىشىلەر ئۇنىڭدىن ھەر قاچان گۇمانلىنىشقا ھەقلىق.

دارۋىن ئۆز تەلىماتى ئارقىلىق ئىنسانىيەتنىڭ كېلىش مەنبەسى ھەققىدىكى بىئولوگىيەلىك تە بىئى ئۆزگىرىشEvolution)- (Bioھەققىدە ئىنقىلاپ قوزغاپ،بىر قىسىم گۇمانىزىمچىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان نۇرغۇن ھەۋەسكار ھەم تەتقىقاتچىلارنى جەلىپ قىلىپ، ھاياتلىق ئىلمىنىڭ تەرەققىياتىنى مىسلىسىز ئىلگىرى سۇرۇگەن ، ئۇ ھەتتا ئىنساننىڭ ئەقلى ئىقتىدارىمۇ تەدرىجى تەرەق قىياتنىڭ مەھسۇلى دېگەننى ئىما قىلىپ ئۆتكەن . ۋاھالەنكى تا بۈگۈنگە قەدەر ئىنسان ئەقلى ئىقتىدارىنىڭ تەدرىجى تەرەققىياتىنىڭ نەتىجىسى ئىكەنلىكى ھەققىدە قايىل قىلارلىق دەلىللەر يېتەرلىك ئەمەس.

يىرىم ئەسىردىن بۇيان نۇرغۇنلىغان ئىلىم ئەھلى جانلىقلار ياكى بارلىق ج انلىقلارنىڭ موھىم شەكىل ئالامەتلىرى ئەمەلىيەتتە تاساددىبي ئۆزگىرىش ۋە تەبىئى تاللىنىشتىن كەلگەن دەپ قاراپ ، ھەممىنى دارۋىنىنىڭ ئىددىيسى بويىچە چۈشەندۈرۈشكە ئۇرۇنۇپ كەلدى . ئۇلار ھەتتاكى قۇشلارنىڭ چىرايلىق تۇمشۇقلىرى ، ئاتنىڭ تۇيىقى ، توزنىڭ نەپىس قانىتى ،گۈزەل ۋە ئوماق كېپىنەكلەر، شۇنداقلا بارلىق جانلىقلارنىڭ يەر شارىدىكى مەۋجۇتلۇقى ۋە ئۇلارنىڭ دەۋرىيلىكى قاتارلىق ھادىسىلەرنىمۇ دارۋىن ئىددىيسىگە باغلاپ چۈشەندۈرۈشكە تىرىشتى . ھەتتاكى بىر قىسىم ئىلىم ئەھلى تەرىپىدىن ئىنسانىيەتنىڭ بارلىق ئاڭلىق ۋە ئاڭسىز پائالىيە ت(ھەركەت)لىرىگىمۇ دارۋىن نەزىريەسىنى تەققاسلاپ-تەدبىقلاپ چۈشەندۈرۈپ كەلدى . ھەتتا مەلۇم مەنىدىن ئىنساننىڭ تېنى ۋە ۋۇجۇدىدىكى بارلىق ئىش- ھەركەت، ئوي -خىيال، ئىدىيە- پىكىرلەرنىڭ ھەممىسىنى تەدرىجى تەرەققىيات نەزىريەسى بىلەن باغلاپ چۈشەندۈرۈپ، ئۇ چىتىلمايدىغان ھېچقانداق ساھە يوقتەك ھالەتنى شەكىللەندۈرۈپ قويدى.

-20ئەسىرنىڭ50-يىللىرىدىن بۇيانقى ئىلىم- پەن مىسلىسىز تەرەققىياتلارغا ئېرىشىپ، جانلىق لار ئورگانىلىرى مالېكۇلاسىنىڭ شەكلى ۋە خۇسۇسىيەتلىرى نى پەرقلەندۈر ەلەيدىغان سەۋىيەگە يەتتى . تەدرىجى ۋە ئۆزلىكسىز تىرىشچانلىق كۆرسىتىش، ساناقسىز تەجرىبە- تەتقىقاتلار ئارقىلىق تېخىمۇ كۆپلىگەن جانلىقلار نىڭ مولېكۇلا قۇرۇلمىسى بايقالدى. بۇ بايقاشلار بارلىق جانلىق ئورگانىزىملارنىڭ ئاساسى مولېكۇلادىن تۈزۈلگەن ئەزالار ئىكەنلىكىنى ناھايىتى ئىنىق چۈشەندۈرۈپ بەردى.

بارلىق جانلىق ئورگانىز ىملارنىڭ ھەممىسى راستىنلا دارۋىنىنىڭ تەدرىجى تەرەققىيات نەزىريەسىگە تامامەن ماس

كېلەمدۇ؟ ! بۇنىسى ناتايىن . بىراق بىر قىسىم تاراتقۇلار كىشىلەرنىڭ تىنچ نىرۋىلىرىنى ئەنە شۇنداق غىدىقلاش كۇچىگە ئىگە ئاخبارات ئۇچۇرلىرىنى تارقىتىشقا ماھىر بولسا، يەنە بىر قىسىم «ئىلىم ئەھلى » (بولۇپمۇ ھەتتا قىلچە تەبىئى پەن ساۋادى بولمىغان غەيرى تەبىئى پەن خادىملىرى )ئۆزلىرىنىڭ بەزى قىياس ـ تەتقىقاتلىرى ۋە ئادەتتىكىچە تەتقىقات نەتىجىلىرىنى ئاڭلىق ياكى ئاڭسىز رەۋىشتە دارۋىن تەلىماتىنىڭ مەلۇم تەرەپلىرى بىلەن باغلاپ چۇشەندۇرۇپ«زور ئۇنۇم »گە ئېرىشىشكە ھەۋەس قىلىشىدۇ . بۇ بەلكىم ئۇلارنىڭ «ئىلىم-پەندىكى م ودا قوغلىشىشى » بولسا كېرەك ! دەل شۇنداق بولغىنى ئۇچۇن كۆپلىگەن ئادەتتىكى كىشىلەر بۇخىل ئۇچۇرلارنىڭ زادى راست ياكى يالغانلىقىنى پەرقلەندۇرۇپ بولالمايلا ئۆتۈپ كېتىشمەكتە . لىكىن بۇنداق ئەھۋالدا ئە ستايىدىل ۋە سەممىمىي ئىلى م ئەھلى، ئۆزلىرىنىڭ ئىنسانىيەت ۋەئىلىم-پەن ئىشلىرىغا بولغان چەكسىز مەسئۇلىيەتچانلىق روھى ۋە ئىلمىي مېتودى بىلەن ھاياتلىق تارىخىنى ئەسلەپ، بارلىق ئۇچۇرلا رنى كەينىگە ياندۇرۇپ ئىنچىكە س ۈلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلىپ دەلىللەپ كۆرۈشى، ئالەملىك نەزەر ، دۇنياۋي سەۋىيەدە تۇرۇپ ئەقلىي رەۋىشتە تەپەككۇر قىلىپ كۆرۈشكە تىگىشلىك ،ئەلۋەتتە.

ئەمەلىيەتتە، دارۋىن تەدرىجى تەرەققىيات نەزىرىيەسىدە نۇرغۇن يوچۇق ۋە زىتلىق لار مەۋجۇت. بىزنىڭچە بۇ يوچۇقلارنى ھازىرقى زامان بىئولوگلىرىنىڭ قاراش ۋە بىلىملىرى بىلەن تولدۇرغىلى، زىتلىقلار نىڭ ھەممىسىنى چۇشەندۇرۇپ ھەل قىلىپ كەتكىلى ۋە ئۇلارنى بىرلىشتۇرۇپ، ئىزچىللىقا ئىگە قىلىپ كەتكىلى بولمايدۇ . نۇرغۇن جانلىقلارنىڭ تېنى ئۆز تېنىنىڭ شەكلى ، قۇرۇلمىسى ئارقىلىق شەكىللەنگەن . يەنى ئۆز تېنىدىكى مۇرەككەپ سىستېمىلار ئارقىلىق شەكىللەنگەنكى،ھەرگىزمۇ تەبىئى تاللىنىشنىڭ مەھسۇلى ئەمەس . دارۋىن نەزىرىيەسى توغرىمۇ ـ خاتا؟ بۇ نەزىرىيە بارلىق جانلىقلارغا تەدبىقلاشقا ماس كېلەمدۇ يوق؟ كۆپۈنچە ئادەملەر ماس كەلمەيدىغانلىقىنى ھەم بىلىشىدۇ. لىكىن بۇ دارۋىنىنىڭ خاتالىقى بولماستىن ئەينى ۋاقىتتىكى دارۋى نىنىڭ بىلىم قۇرۇلمىسى، ئاساسى سەۋىيەسى ،پەن تەتقىقات شارائىتى قاتارلىقلارنىڭ چەكلىمىسى تۈپەيلىدىن دارۋىن پەقەت ھەقىقەتنىڭ كىچىككىنە بىر قىسمىنىلا كۆرەلىگەن،دېمەي تۇرالمايمىز . ئىلىم-پەن تارىخىدىن قارايدىغان بولساق بارلىق ئىلىم- پەن نەزىرىيەلىرى قىياس بىلەن با شلىنىپ تەجرىبە بىلەن ئاخىرلىشىدۇ ۋە ئاندىن م ۇكەممەل ئىلمىي نەزىرىيە سىستېمىسى بولۇپ شەكىللىنەلەيدۇكى، پەقەت دارۋىنىنىڭ تەدرىجى تەرەققىيات نەزىرىيەسىلا قىياس بىلەن باشلىنىپ قىياس بىلەن ئاخىرلىشىۋاتىدۇ. بۇ ھال بەلكى يەنە خىلى ئۇزۇن مەزگىل داۋاملاشسا كېرەك.

ھازىرقى زامان ئېكولوگىيە ئىلمىنىڭ ئۇرۇقداشلىق ۋە ئۇزۇقلۇق زەنجىرىگە قارىتا ئېلىپ بارغان تەتقىقاتلىرىدىن مەلۇم بولۇشچە،جانلىقلار تەدرىجى تەرەققى ي‍ات جەريانىدا مەيلى تۇرلۇك تەرەققىيات (تۇرلەر ئارا ياكى تۇر ئىچى تەرەققىيات ) بولمىسۇن ، ئۇلار ئوتتۇرىسىدا يەنە ئۆز ئار ا تايىنىش، ھەمكارلىق ،ئىلگىرى سۈرۈش ، تولۇقلاش ۋە چەكلەشتەك مۇرەككەپ گارمونىك مۇناسىۋەت ۋە مىخانىزىم مەۋجۇت . كىشىلەر يەنە ئۇزۇن يىللىق ئىزدىنىش ۋە تەتقىقات ئارقىلىق، جانلىقلار ھەقىقەتەنمۇ تۇر ئىچىدە تەدرىجى تەرەققى小进化)؛ (种内进化 قىلىسىمۇ ،لىكىن تۇر ھالقىپ تەدرىجى تەرەققى قىلىش超种进化)؛ 大进化؛跨种进化؛(种间进化نىڭ مومكىن ئەمەسلىكىنىمۇ بىلىپ يەتمەكتە.

دارۋىن تەلىماتىدىكى مەۋجۇتلۇق رىقابىتى ۋە تەبئىي تاللىنىشتا: ‹‹ماسلىشالىغانلىرى ئام ان قىلىپ، ماسلىشالمىغانلىرى ھالا ك بولىدۇ .›› ،‹‹ئەلالىرى تاللىنىپ، ناچارلىرى شاللىنىپ كېتىدۇ .›› دەيدىغان ئىدىيە ئەينى ۋاقىتتىكى ئەنگىلىيە بازار ئىگىلىكى شارائىتىدىكى ئەركىن رىقابەت ئىددىيسى بىلەن جىپسىلىشىپ قالغانلىقتىن ، ئۇنىڭ ئۇستىگە Huxley دەك ئىلمىي گۇپپاڭچىلار ۋە ئەينى ۋاقىتتىكى پرولتا رىيات ئىنقىلابىنىڭ پىشىۋالىرىنىڭ كۇچلۇك قوللىشى بىلەن ناھايىتى تى زلا پەن ۋە كەسىپ دائىرىسىدىن زور دەرىجىدە ھالقىپ دۇنيا چوڭ ئىلىم مۇنبىرىدىن ئورۇن ئېلىشقا ۋە يىتەكچى ئورۇنغا ئۆتۈپ قىلىشىغا سەۋەپ بولغان . ھەتتا ئېنگىلىسمۇ «دارۋىنىنىڭ نەزەرەسىدىكى مەۋجۇتلۇق رىقابىتى تەلىماتىدا بۇرژۇئازىيىچە سىنىپىنىڭ ئىقتىساد ئىلمىدىكى رىقاب ەت تەلىماتى، شۇنداقلا مالتۇسنىڭ نوپۇس تەلىماتىنى ئىجتىمائى جەمئىيەتتىن ھاياتلىق ئىلمى ساھەسىگە يۆتكەپ ئەكىرگەن .» دەپ قارىغان. دېمەك، دارۋىنىنىڭ تەلىماتىدا ھاياتلىق ئىلمىدىن سىرت يەنە، بەلگۈلۈك ئى ج تىمائى ، ئىقتىسادى ۋە مەدەنىيەت

ئارقا كۆرۈنۈش ئامىللىرىمۇ يوق ئە مەس. ناتسىسلار گېرمانىيىسى دارۋىننىڭ تەلىماتىنى پەردازلاپ، «تەبىئى تاللىنىش»تىكى مەۋجۇتلۇق كۆرۈشىنى «ئىجتىمائى تاللىنىش »تىكى مەۋجۇتلۇق كۆرۈشىگە تەدبىقلىۋېلىپ، ئۇنى مىللەتچىلىك-ئىرقچىلىقنىڭ، ئۇرۇش ۋە قىرغىنچىلىقنىڭ نەزەرىيەۋي ئاساسى قىلدى . بۇ مەزگىلدە ئۇر ۇش ۋە قانلىق قىرغىنچىلىقلاردىن بىزار بولغان نۇرغۇن كىشلەر گېرمانىيە مەدەنىيىتىگە “دارۋىنىزىم ”نىڭ ماركىسىنى چاپلاپ، ئۇرۇشقا قارشى تۇرۇش بىلەن دارۋىنىزىمغا قارشى تۇرۇشنىڭ كەڭ بىرلىك سېپىنى شەكىللەندۈردى . بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن ئامېرىكىدىكى بىر قىسىم كومونىست دارۋىزىنىمچىلار ئۆزلىرىنىڭ ئوبرازى ۋە كەسپىتىكى تەسىر كۈچىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن تەد رىجى تەرەققىيات نەزىرىيەسىنى ئىت نى كا ۋە ئەخلاق ساھەسىگ ىمۇ كېڭەيتىشتى.ئۇلارچە بۇنداق قىلسا تەسىر دائىرىسى كېڭىيىپ،ئىناۋىتى ئۆسۈپ، جەمئىيەت ئۈچۈن كۆپرەك تۆھپە قوشقىلى بولىسا كېرەك .بىراق ئۇلار ئازغاندى .20-ئەسىر بوسۇغىسىدا ، مىندىلنىڭ كۆك پۇرچاقنى شالغۇتلاشتۇرۇپ سورت يېتىشتۇرۇش تەجرىبە نەتىجىسى ئاساسىدا شەكىللەنگەن مىندىل ئىرسىيەت تەلىماتى دەسلىۋىدە دارۋىن تەلىماتىنى قوللىماستىن ئەكسىچە، دارۋىنىزىمغا قارشى تۇرغۇچىلارنىڭ توس اتتىن ئۆزگىرىش نەزىرىيەسىنى كۈچلۈك قوللىدى. ئۇنىڭغا لاماركىزىمچىلارنىڭ «ھاياتلىقنىڭ ئۆزىدە نىشان بولىدۇ،ئۇ نىشان ئۆزىنىڭ تەبىئي ئۆزگىرىشىگە يېتەكچىلىك قىلىدۇ،ئۆزى ياشاۋاتقان موھىتىنىڭ خىرىسىغا نىسبەتەن تاللاپ تۇرۇپ ئىنكاس قايتۇرالايدۇ .»دەيدىغان ئىدىيەلىرى ۋە توساتتىن ئۆزگىرىش نەزىرىيەسىنىڭ قوش قاتلاملىق زەربىسىگە دۇچار بولدى.

تەبىئى پەن شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلۇغ ۋە مۇقەددەسكى،ئۇ تەڭرىنىڭ بىرىنچى كىتابى بول غان تەبىئەتنىڭ تىلى ؛ شۇڭا ئۇ تەبىئي ھەم چىنلىق،دەلىل-ئىسپاتلار ئۈستىگە قۇرۇلغان ۋە بارلىققا كەلگەن؛ ئۇنىڭ ئەزەلىي ۋە ئەبەدىي توپ قانۇنلۇق ھەم قانۇنىيەتلىك خاراكتىرى ،مۇقى م ۋە تۇراقلىق ھالدىكى يېتەكچى ئەھمىيىتكە ئىگە بولغانلىقىدىن ئىنسان ئۇنى قانچىكى ئىچكىرلەپ ئۆگەنگەن ھەم تەتقىق قىلغانسىرى ئادەمنىڭ ئەقلىنى شۇنچە بىلەپ، روھىنى پاك ھەم جەسۇر ، قەلبىنى ھۆر ، پىكرىنى ئۆتكۈر قىلىپلا قالماستىن ،ئادەمنى شۇنچە راستچىل ،سەمىمىي - ساداقەتمەن، ۋاپادار ۋە ئالىجاناب قىلىپ، ھى يلە- مىكىر ۋە نەيرەڭۋازلىقتىن يىراقلاشتۇرىدۇ،ئادەمدىكى ئۆزى ئۈچۈنلا باش قاتۇرىدىغان شەخسىيەتچى «ئۆزلۈك自我)«؛ (Egoكىشەنلىرىدىن قۇتۇلدۇرۇپ ،ئالەملىك نەزەر، ئ نسانىي بىرلىك- بۈيۈكلىك ۋە دۇنياۋىي سەۋىيەدە تۇرۇپ تەپەككۇر - تەتقىقات ۋە ئىش ھەركەت قىلىدىغان «ئۆگلۈك超越自我)«:超我:真实的我:创新性人精 :Real ego:Pass ego (Oglŭk ئىنسان بولۇشقا رىغبەتلەندۈرىدۇ ھەم يېتەكلەيدۇ . بىراق، دارۋىننى بۇجەھەتتە ئۆزى تەتقىق قىلغان تەبىئى پەنگە يۈ ز كېلەلەيدۇ دەپ كېسىپ ئېيتىشقا ئاساسىمىز يېتەرسىز .( شۇ مۇناسىۋەتتە ئىنسانشۇناسلقى ساھەسىدىكى جېنىننىڭ بارىچە ئۆزلۈك داۋرىگى قىلىۋاتقان بىر قىسىم ئەدىب ۋە جەمىيەتشۇناسلارغا شۇنداق نىدا قىلغۇمىز كې لىدۇكى، ئۆزلۈك ئۇ ئادەمنىڭ ئىتىن وگىرافىيەلىك ھالىتىدىكى تۆۋەن بلسقۇچتىكى دەسلەپكى ئۇقۇم ھەم ئادەمدە ئۆزىنى تونۇپ ئۆزلۈكىدىن ھالقىش مۇساپىسىدە بىسىپ ئۆتمىسە بولمايدىغان بىر ئىپتىدائى ۋە ئۆتكۈنچى جەريان . يۈكسەك مەدەنىيەتلىك يۇقۇرى قاتلا م ۋە ئالى باسقۇچىغا ئۆتكەن ئادەملەر ئۈچۈن، ئۇ تولىمۇ پەس ۋە پاسسىپ ئۇقۇم. ئۆزلۈكنىڭ ئالى باسقۇچى بولسا ئۆگلۈكتۇر.بىر قىسىم ئۆزلۈك داۋرىگى قىلىۋاتقانلار بۇنى ھىس قىلىشتى بولغاي،ئۇنى«ئالى ئۆزلۈك»،«يۈكسەك ئۆزلۈك»،«ئۆزلۈكنىڭ يۇقۇرى قاتلىمى»دەپمۇ ئاتاپ باقتى-يۇ، يەنىلا «ئۆگلۈك»دېگەندەك تازا جايىغا چۈشمىگەنلىكىنى ھىس قىلىشىپ گاڭگىراپ تۇرماقتا . ئەمەلىيەتتە ، ئۆزلۈك زىيادە تەكىتلەنسە ئاقىۋەتتە شەخسىيەتچىلىك، تار مەنىدىكى مىللەتچىلىك - ئىرقچىلىق، تەپرىقچىلىق، قورۇقچىلىق، گورۇھۋازلىق ، بۆلگۈنچىلىك، ھەتتاكى ئۇرۇش ۋە قايلايمىقانچىلىقىقا،ئىزىش ۋە ئېكىسپىلاتسىيەگە ئېلىپ بېرىش مەنبە ،نەزىرىيەۋي ئاساس ۋە مەن ىۋي مايا بو لۇپ قالىدۇ . شۇڭا ئۆزلۈكنى تونۇپ- ھىس قىلىپ ئۆتۈشلا كۇپايە كى، ھەرگىزمۇ كۈچەپ تەكىتلەشكە، ئۆزلۈك داۋرىگى قىلىشقا بولسا تېخىمۇ ئەرزىمەيدۇ .) ئەلۋەتتە ، دارۋىن ئۆزىمۇ جانلىقلار تەدرىجى تەرەققىياتىنىڭ پۈتكۈل جەريانىنى ۋە ئۇنىڭ نازۇك ھالقىلىرىنى ئىنىق ئىگەللەپ كېتەلمىگەنلىكتىن، ئۇنىڭ نەزىرىيەسىدە ئاسانلىقچە ئاغدۇرۇۋەتكىلى ھەم ئىسپاتلىغىلىمۇ بولمايدىغان ھۆكۈم ۋە ئەقلىي خۇلاسىدىن باشقا نۇرغۇن چەك باسمايدىغان قىياسلارمۇ يوق ئەمەس . ھەتتا بەزى قىياسلىرى لوگىكىلىق

تەپتىش ۋە تەجرىبىگە بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ . بۇنىڭغا تۆۋەندىكى ئىچىنىشلىق رىئاللىق يەنە بىر دەلىل بولالايدۇ؛ دارۋىن ئۇ بىر غەيرى بىئولوگ بولغانلىقتىن ، ئۆزىمۇ يېقىن تۇغقانلار ئارا نىكاھلىنىشنىڭ ئىنتايىن زىيانلىق بولۇپ ئىغىر ئاقىۋەت ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى قىلچە بىلمىگەندە، ئۆزىدىن بىر ياش چوڭ نەۋرە ئاچ سى ئىما خىنىم بىلەن توي قىلغان. قىلىشقا تىگىشلىك بولمىغان بۇ تويدىن كىيىن ھاياتلىق تىرادىگىيەسى يۈز بېرىپ، گەرچە دارۋىن ئون پەرزەنتلىك بولغان بولسىمۇ ھىچ قايسىسى ئەۋلات قالدۇرالمىغان . شۇنىڭ بىلەن دارۋىنىڭ نەسەبى ئۈزۈلۈپ قىلىشتەك زور پاجىئە يۈز بەرگەن . بۇ ھەقتە كەمىنە «قىلىشقا تىگىشلىك بولمىغان توي ۋە ھاياتلىق تىرادىگىيەسىدىن ئۈزۈلۈپ قالغان نەسەب» سەرلەۋىلىك ماقالەمدە مەخسۇس توختالغانمەن.شۇڭا باشقا تەپسىلاتلارنى تەكرارلاشنى خالىمىدىم.

دارۋىن تەلىماتىدىكى ئاساسى پەرەز ۋە قىياسلا ئوتتۇرىغا قويۇلغاندا ئالىملار ئۇنىڭ نەزىريەسىدىكى «كېسەل»نى بايقىغان بولسىمۇ، بۇ مەسىلىلەرگە كۆپ دىققەت قىلمىغانلىقتىن ئانچە ئىرەن قىلمىغان. بۇنىڭ سەۋەبى ئالىملار بۇ مەسىلىلەرمۇ ئىلىم-پەننىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ ئۆستىرىدا «شىرتتىدە قىلىپ كېسىۋەتكەن »دەك تەل-تۆكۈس «ھەل بولىدۇ (يوقاپ) كېتىدۇ» دەپ ئويلىغانىدى . مەسىلەن :دارۋىن مىكراسكوپ ئاستىدىكى جانلىقلار دۇنياسى پەقەتلار ئاددىي « مىۋە ئۈيۈتىسى«(果冻)ياكى كىرىستالسىمان نەرسە بولۇپ، تاساددىبىي پۈرسەتتە ناھايىتى ئاسانلا شەكىللىنىپ قالغان دەپ قاراپ ئىغىر خاتالاشقان . خاتالاشقاندىمۇ بەكمۇ چوڭ ۋە بەكمۇ ئىغىر خاتالاشقانىدى .20 -ئەسىرنىڭ 50-يىللىردا ھازىرقى زامان ھاياتلىق ئىلمى نىڭ ئاپىرىدە بولىشىغا ئەگىشىپ، ئا لىملار ھۈجەيرىنى چوڭقۇرلاپ تەتقىق قىلىش ۋە ئىنچىكە كۆزىتىش ئارقىلىق دارۋىنىنىڭ خاتالىقىنىڭ زور ئىكەنلىكىنى تونۇپ يىتىشكە باشلىدى . ئەمەلىيەت شۇكى ،مىكراسكوپ ئاستىدىكى ھاياتلىق دۇنياسىنىڭ مۇرەككەپلىكى مىكراسكوپ سىرتىدىكى (ئۈستىدىكى)دۇنيانىڭ مۇرەككەپلىكىدىن ھەرگىز قىلىشمايدۇ . پەقەت دارۋىن ئېيتقان تىئورمىدىكى تاساددىبىيلىق مۇشۇنچىۋالا مۇرەككەپ ،نازۇك - زىل ۋە نەپىس بولغان مول ئىقتىدارلىق رەڭدار ھەم «قۇدرەتلىك»ھۈجەيرىنى ئىختىرا قىلدى دېيىش ئادەم تەسەۋۋۇردىن ھالقىپ كەتكەن بولۇپ ،قىلچە ئەقىلگە سىغمايدۇ . ئەڭ كىچىك دەپ قارالغان ھۈجەيرىلەرمۇ ئۇنداق«ئاددىي»،«كىچىك» بولمايدۇ ۋە ناھايىتى مۇرەككەپ بولىدۇ. باشقىسىنى قويۇپ تۇرۇپ ،ھۈجەيىنى «ئىنتايىن ئاددى »دەپ تۇرايلى ،ئۇ ئەڭ ئاددى ھۈجەيرىمۇ يىتەرلىك دەرىجىدە ئىنتايىن مۇرەككەپ بولىدۇ ۋە پەقەت شۇنچىۋالا مۇرەككەپ بولغانلىقى ئۈچۈنلا ئاندىن ھايات ك ەچۈرۈپ ياشىيالايدۇ . شۇنداقلا بارلىق ئەڭ نازۇك ۋە زىل-زىبالىق، ئەپچىل ، مۇرەككەپ ھىساپلىنىدىغان كۆپىيىپ-ئەۋلات قالدۇرۇش ، ئىرسىيەت ۋە ئۆزگىرىش جەريانلىرىمۇ دەل شۇ ئاددىي ھۈجەيرە ئارقىلىق تاماملىنىدۇ.

دارۋىنىزىمنىڭ ھاياتلىق ئىلمى كىلاسسىك ئە ندىزە ۋەئىپتىدائى نەزىريە بولۇپ، ئۇنىڭ ھازىرغىچە ساقلىنىپ قىلىشىنىڭ سەۋەپلىرىدىن بىرى ئۇنىڭ مودىرنىزىمچىلارنىڭ بىرخىل (دىنى)ئىدىئوي تۈۋرىكى بولۇپ قالغانلىقىدا.لىكىن قانداقلا بولمىسۇن دارۋىنىنىڭ نەزىريەسىنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلايدىغان نۇرغۇن دەلىللەرنى ئەقىل كۆزى ۋە تەنقىدى نەزەر بىلەن ئىنچىكە كۆزۈتۈپ ئانالىز قىلىدىغان بولسا ئۇلارنىڭ كۆپۈنچىسى پۇت تىرەپ تۇرالمايدۇ ياكى قاتتىق ئىلمىي تەنقىد ۋە تەپتىشكە بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ.

تەدرىجى تەرەققىيات نەزىريەسى ھەققىدىكى ئوقۇ- ئوقۇتۇش ئىشلىرى بۈگۈنكى بىرقىسىم ئەللەردە س ىياسى مادارا پەيدا قىلماقتا.چۈنكى ھۆكۈمەت قارمى قىدىكى مەكتەپلەردە پەقەت دارۋىن ئەندىزىسى بويىچىلا ئوقۇتۇپ، تەربىيەلەنگۈچىلەرنى باشقا نەزىريە ۋە يېڭى، ئۆزگىچە قاراشلار بىلەن ئۇچۇرىشىش پۇرسىتىدىن مەھرۇم قالدۇرۇشى «ئوت ئۈستىگە ماي چاچقاندەك»، «ئاينى ئېتەك بىلەن يېپىشتەك » ئىش بولماقتا.يەنە كېلىپ،ھەتتا بىر قىسىم مەكتەپلەردە ئوقۇتقۇچىلارنىڭ دارۋىن تەلىماتىدىكى ھەممىگە ئايان بەزى گۇمانلىق نۇقتىلىرىنى مۇھاكىمىلىك سۆزلەپ ئۆتۈپ كېتىشىگىمۇ رۇخسەت قىلماسلىقى، تەدرىجى تەرەققىيات نەزىريەسىنى باج تاپشۇرغۇچىلارنىڭ قوللىش ى ئاستىدىكى مودىرنىزىمچىلارنىڭ كىشىگە ئېيتالمايدىغان ئالاھىدە بىرخىل دىنىغا ئايلىنىپ قالغانلىقىدا. يەنە كېلىپ دارۋىنىزىم ئەنەشۇ مودىرنىزىمچىلارنىڭ ئەڭ موھىم بولغان مەركىزى ئىددىيىسى ھىساپلىنىدۇ.ئەنگىلىيە رادىئو شىركىتى (BBC)ۋە«سىھرى كۈچ«(Glamour)ژورنىلى ئېلىپ بارغان بىر قانچە قېتىملىق ئەل رايى سىناشتىن مەلۇم

بولۇشچە، ئىككىلى خىل نەزىرىيەگە تەڭ باراۋەر مۇئامىلە قىلىپ ھۆكۈمەت مەكتەپلىرىدە يارىتىلىش نەزىرىيەسىنىمۇ تەڭ ئوقۇتۇشنى قوللايدىغانلار سانى ئايرىم ھالدا 83ـ89%، 74%ۋە 76%بولغان. «يارىتىلىش » ياكى «ئەقلىي لاھىيە » نەزىرىيەسى بولمىسۇن ئۇلار ماھىيەتتە ھاياتلىقنىڭ كېلىش مەنبەسىنى باشقا نۇقتىدىن چۈشەندۈرۈش تەرەپدارلىرىنىڭ يادرولۇق ئىددىيىسى بولۇپ،بۇ دارۋىن تەدرىجى تەرەققىيات تەلىماتى ئىددىيىسى بىلەن زىتلىقتا ئىگە ؛ بۇ ئاساسلىقى ھاياتلىقنى مۇرەككەپلىكتە تەسە ۋۋۇر قىلغۇسىز دەرىجىدە مۇرەككەپ بولىدۇ، مەسىلەن:بىر يۇرۇش مۇكەممەل بولغان) DNA دى ئىن ئا)ياساش بۇيرىقى،شۇ DNA نىڭ مەخپى شىفىرى بىلەن ئوخشاش ئۇزۇنلۇقتا بولىدۇ دەپ قارايدۇ. يارىتىلىش نەزىرىيەسى ئىددىيىسى ئىلىم-پەن ساھەسىگە ئېلىپ كىرىلسە، ھازىرقى ئىلىم- پەننىڭ رىۇرغۇن مەسىلىلەرگە بولغان قاراشلىرىنى ئۆزگەرتىشكە توغرا كېلىشى مومكىن، ئەلۋەتتە . چۈنكى بۇ نەزىرىيەنىڭ تەشەببۇسچىلىرى ھاياتلىق ھادىسىلىرىنى ئاللىقانداقتۇر «توساتتىن ئۆزگۈرۈش » ، «تەبىئى تاللاش »، «مەۋجۇتلۇق رىقابىتى» دېگەنلەر بىلەن باغلاپ چۈشەندۈرمەستىن،ئەھمى يەتلىك «ئەقلىي لاھىيە »،« چىرتىيوژ»،«ئىرسىي پروگرامما » دېگەنلەر ئارقىلىق چۈشەندۈرۈپ، ئۇنىڭدىن ھەممىگە ماس كېلىدىغان ئادەتتىكى قانۇنىيەتلىك بىشارەت ۋە ئەسكەرتمە-تەلىماتلارغا ئېرىششنى ئۈمىت ۋە تەشەببۇس قىلىدۇ . دارۋىنىزىمچىلار ۋە بىر قىسىم دەھرىيلەر بولسا بۇنى ئاددىيلا بىدئەت ياكى خۇراپاتلىق دەپ قاراپ، ئۆزلىرىنى «لاھىيەسىز ئەندىزە»ئىچىگە قويۇپ تۇرۇ پ، ئەنەشۇ ئاتالمىش «قالايمىقان ،تەرتىپسىز»،«قانۇنىيەتسىز» تەبىئى تاللاش مىخانىزىمى ۋە پۇرسەت تېئورمىلىرىدىن ھاياتلىقنىڭ ئەسلى مەنبەسى ۋە ئۇنىڭ بارلىق سىرلىرىنى يەشمەك چى بولىشىدۇ . ئەمەلىيەتتە «تاساددىبيلىق» دېگەن بىز ئىنسانلار تىگىگە يىتەلمىگەن ياكى سەۋەبىنى بىلەمىگەن تىلسىملىق مەسىلىلەرگە قارىتا ئىجات قىلىنۋالغان بىر يۇكسەك مەنىدىكى مەۋھۇم ئۇقۇم ؛ تاساددىبىيلىقنىڭ ئۆزى شەيئىلەر تەرەققىياتى ۋە مەۋجۇتلىقىدىكى يۇكسەك قانۇن بىيەت ۋە ئىلمىيلىككە قارىتىلغان بولۇپ،«تاساددىبيلىق»نى تاساددىبىي بايقاپ قىلىش ئەسلا مومكىن ئەمەس. بۇنىڭغا چوڭقۇر ، ئەتراپلىق بىلىم،كۈچلۈك كۆزۈتۈش ئىقتىدارى ۋە تەجرىبە دەلىلى كېرەك بولىدۇ.تەبىئەت دۇنياسىدا جۇملىدىن تەبىئەت پەنلىرىدە تاسادىبيلىق ياكى تاسادىبىي توغرا كېلىپ قىلىش، سىمىتىرىيەسىزلىك (ماس كەلمەسلىك)ئەسلا مەۋجۇت ئەمەس.ناۋادا مەۋجۇت دېيىلسە چوقۇمكى مەلۇم بىر ھالقىدا چاتاق چىققان ياكى مەسىلە(خاتالىق)كۆرۈلگەن بولىدۇ.

ئىلىم-پەن بىلەن ھەپىلىشىدىغان ئىنسانمۇ دەل رىئال ئىجتىمائىي دۇنيادا ياشايدىغان بولغانلىقتىن ئىلىم- پەننىڭ ئۆزىمۇ ئاڭغا تايىنىدىغان بولىدۇ . خۇددى ئۇلۇغ فىزىكا ئالىمى ئېۋىن (Erwin Schrodinger)تونۇپ يەتكىنىدەك فىزىكىدىكى بارلىق نەزىرىيەلەرنىڭ ھەممىسى سەزگۇ ئەزالارنىڭ بىلىپ يەتكىنىنىلا ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ . شۇنىڭ ئۈچۈن ئىلىم-پەندە تەرەققىيات ۋە ئىلگىر لەشنى قولغا كەلتۈرۈشنى ئارزۇ قىلىدىكەنمىز چەكسىز چىگىرسىز ئالەم ۋە دەرىجىدىن تاشقىرى مۇرەككەپ ئادەمگە ئالاقىدار زور بىلىش مەسىلىرى ئالدىمىزدا ئادەتتىكى ئىلىم- پەننىڭ چۈشۈنۈش دائىرىسىدىن ھالقىپ كەتكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشىمىزگە توغرا كېلىدۇ . شۇنداقلا تەپەك كۇر ئۇربىتىمىز ۋە كۆزۈتۈش بۇلۇڭىمىزنى ئۆزگەرتىپ تۇرۇپ يېڭىچە ئالەملىك قاراش زاماندار ئاڭ بىلەن ئۆزىمىزدىن ھالقىپ تۇرۇپ تەپەككۇر-تەتقىقات ئېلىپ بېرىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. ۋاھالەنكى ئىنساننىڭ تەپەككۇر سەزگۈسى لوگىكىدىن غالىپ كەلگەندە چۈشۈنۈش ۋە قارىغۇلارچە چ ۈشۈنۈلىش ياكى ئىلمىي نەزىرىيەلەرگە بولغان مەھكۇملۇق ، روھى بەخشەندىلىكتىن قۇتۇلۇپ، سىپى ئۆزىدىن ئەسلى ئىجادىيەت ۋە يېڭىلىق يارىتىش مەقسىتىگە يەتكىلى بولىدۇ.

ئادەمنىڭ تىل ۋە تەپەككۇر ئىقتىدارى راستىنلا تەبىئى تاللىنىشنىڭ مەھسۇلىمۇ ؟ ھازىرچە بۇنى تولۇق ئىسپاتلىيالايدىغان بىرەر يېڭى نەزىرىيە ئوتتۇرىغا چىققىنى يوق . ھەتتا تەبىئى تاللاش نەزىرىيەسىنىڭ تۇنجى بايقۇغۇچىلىرىدىن بىرى بولغان ۋاللاس-1869(Alfred Wallace)يىلى دارۋىنغا يازغان خېتىدە كېسىپ مۇنداق دەيدۇ:«ئىنساننىڭ تەپەككۇرى ۋە چوڭ مېڭىسى تەبىئى تاللىنىشنىڭ م ەھسۇلى بولىشى مومكىن ئەمەس،چۈنكى ئىپتىدائى ئادەمنىڭ مېڭىسى بىلەن ئەنگىلىيەلىكلەرنىڭ مېڭىسى ئوخشاش چوڭلۇقتا، بىراق ئىپتىدائى ئادەملەر ئابىستىراكىت تەپەككۇر قىلالمايدۇ.«...

دارۋىننىڭ تەدرىجى تەرەققىيات نەزەرىيىسى بويىچە بولغاندا، ئالى دەرىجىلىك ھايۋانلار تۆۋ ەن دەرىجىلىك ھايۋانلاردىن ،

ئادەم مايمۇندىن تەدرىجى تەرەققى قىلىپ ئۆزگىرىپ كەلگەن دەپ قارىلىدۇ . بۇ قاراش قارىماققا ئاددىيدەك كۆرۈنسىمۇ ، لېكىن يەنىمۇ ئىچكىرلەپ كىرىپ بىر مۇنچە نىمە ئۈچۈن ؟ ۋە سەۋەپ نەتىجە مۇناسىۋتى بويىچە لوگىكىلىق تەپەككۇر- تەپتىش ۋە ئەقلىي خۇلاسە قىلىپ كۆرىدىغان بولساق ، داۋرىن نەزەرىيىسى كىشىلەرگە ئەڭ ئاخىرقى مۇكەممەل ھەم نۇقسانسىز توغرا جاۋابنى بېرەلىگەن ئەمەس . ھاياتلىق ئىلمى دارۋىندىن بۇيانمۇ ھەرگىز بىر ئىزدا توختاپ قالغىنى يوق . خۇسۇسەن تەدرىجى تەرەققىيات مېخانىزىمى ، مودىلى ، رىتىمى ، بىرلىكى ، قاتلاملىقى ، ھەركەتلەندۈرگۈچ كۈچى ۋە تەسىر كۆرسىتىدىغان تۈرلۈك ئامىل قاتارلىقلاردىمۇ تېخىمۇ كۆپلىگەن يېڭى ئېقىمى ۋە ئىلمىي مەزھەپلەرنى شەكىللەندۈردى.

گەرچە ئاناتومىيە نۇقتىسىدىن قارىغان دا، ئادەم تاشقى قۇرۇلمىسى بىلەن ئورانگوتانلارنىڭ سىياقىدا خېلى نۇرغۇن ئوخشاشلىقلار بولسىمۇ ، بۇ ھېچ بولمىغاندا بۇلار بىر تۈر ۋە پۈتۈنلەي بىر ئائىلىگە تەۋە ئىكەنلىكىدى ن دېرەك بەرمەيدۇ.ئاددىسى شاتۇت جېنىدا ئادەم نىمە دېسە شۇ نى دېيەلەيدۇيۇ، بەزى ئالىملار مايمۇننى زۇۋانغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن نەچچە يىل تىرىشقان ، ھەتتا ئىلغار- زامانىۋى ئۈسكۈنىلەر بىلەن گەپ قىلىشنى ئۆگۈتۈپ باققان بولسىمۇ ئۈنىڭدىن ئادەمدەك زۇۋان چىقمىغان . دارۋىن دېگەن بۇ ئىسىم تەبىئى ئۆزگىرىش بىلەن چەمبەرچەس باغلىنىپ كەتكەن بولۇپ، بۇ ھەرگىز كىشىلەر ئويلىغىنىدەك ئۇنداق ئاددىي ۋە ئاسان ئىش ئەمەس . چۈنكى ھازىرقى زامان ھاياتلىق ئىلمى دارۋىن زامانىسىدىكىدەك ئۇنداق ئاددىي ھەم ئىپتىدائى ئىلىم بولماستىن ،دارۋىن زامانىسىدىكىدىن مىسلىسىز دەرىجىدە تەرەققى قىلدى. شۇڭا ئۇنى بىر قانچە تال تولۇق بولمىغان پارچە- پۇرات تاش قاتمىلىرىغىلا ئاساسلىنىپ تۇرۇپ ئادەم بىلەن مايمۇن«ئۇرۇغ-تۇغقان» ،ئۇلار بىر جەمە تتىن دېيىش ئىلىم- پەن لوگىكىسى ۋە ھازىرقى زامان ھاياتلىق ئىلمىنىڭ، شۇنداقلا باشقا ئالاقىدار پەنلەرنىڭ تەتقىقات نەتىجىسى بىلەنمۇ ئانچە ماس كەلمەيدۇ. .ئوخشاش كاربون(C)ئېلېمېنتىدىن تۈزۈلگەن ئالماس ، گىرافىت ، كۆمۈر كۈيىسى قاتارلىق كاربوننىڭ ئاللىتىر وپىك ماددىلىرى خىمىيە يېنىدە ئوخشاشلا بىرخىل ماددا دەپ قارالسىمۇ، لېكىن پەقەت ئۇلارنىڭ گورۇپلىنىش شەكلى ئوخشىمىغانلىقتىن فىزىكىلىق خۇسۇسىيىتىدە غايەت زور پەرقلەر شەكىللەندۈرگەن . ھاياتلىق ھادىسىلىرىمۇ فىزىكىلىق مۇناسىۋەتلەر ئۈستىگە قۇرۇ لغانلىقتىن بۇخىل فىزىكىلىق پەرقنىڭ ھاياتلىق مۇلېكۇلالىرىنىڭ فونكىسىيەسىگە كۆرسىتىدىغان تەسىرىنى نەزەردىن ساقىت قىلىشقا ھەرگىز بولمايدۇ . دەرۋەقە، ئادەم بىلەن مايمۇننىڭ گېن سانىنىڭ ئوخشىشىپ كېتىدىغانلىقىغا قاراپلا ئۇلارنى ئوخشاش بىر تۈرگە تەۋە دەپ تۇرۇۋېلىش مۇ ئوخشاشلا ئىلىم-پەن مەنتىقىسىگە مۇخالىپ كېلىدۇ . مەسىلەن: ئادەمنىڭ گېن سانى مايمۇننىڭكى بىلەن ئوخشىشىپلا قالماستىن، ئۆز نۆۋىتىدە يەنە توخۇ ، چاشقان، پىل، چوشقا ، چۈجگىن ئوت، كۆممە قوناق، چىۋىن، مىۋە قۇرۇتى، قۇمۇش قاتارلىقلارنىڭ گېن سانى بىلەنمۇ ئاساسەن ئو خشىشىپ كېتىدۇ. بىراق ئۇلارنى ئادەم بىلەن بىر تۈرگە تەۋە دېيىش ئاقمايدۇ ھەم ئەقىلغىمۇ سىغمايدۇ . تەتقىقات نەتىجىلىرىدىن مەلۇم بولىشىچە ئادەم بىلەن ئورانگوتاندا ئورتاق بار بولغان ئاقسىللار ئىچىدە%80تىدە پەرق بار، بۇ شۇ ئاقسىلنى تەشكىل قىلغۇچى ئامىنو كىسلاتىسىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ئوخشىمايدۇ دېگەن گەپ . بۇ دېگەنلىك ئىنسانلار گېن گورۇپپىسىدا ئىنىقلانغان 20مىڭدەك گېننىڭ 16مىڭدىن كۆپرەكى ئورانگوتاننىڭ گېن تەرتىپىگە ئوخشىمايدۇ دېگەننى چۈشەندۈرىدۇ .ئادەم بىلەن ئورا نگوتاننىڭ گېن جەھەتتىكى پەرقى ن وقۇل ھالدىكى سان جەھە تتىكى پەرقلا بولماستىن، تەرتى پ ، شەكىل ۋە مەزمۇن جەھەتتىكى ماھىيەتلىك پەرقلەر ھەم سىستېما ئىچىدىكى قۇرۇلما خاراكتېرلىك پەرقمۇ مەۋجۇت . بۇ پەرقلەر يەنە بەزى گېنلارنىڭ بار يوقلىقىدىمۇ ئىپادىلىنىدۇ . كونكىرتنى قىلىپ ئېيتقاندا، ئادەم تېنىدە دائىم ئىپادىلىنىپ كېلىۋاتقان 1400دانە يېڭى گېن ئورانگوتان تې نىدە ئەسلا ئىپادىلەنمىگەن .يەنى ئادەمدىكى %6گېن ئورانگوتاندا يوق . تېخىمۇ ئىچكىرلەپ تەتقىق قىلغاندا ،ئادەم بىلەن ئورانگوتاننىڭ پەقەت گېن سانىلا ئوخشاش بولغاندىن باشقا ، ئۇ گېنلارنىڭ گورۇپلىنىش (پروگراممىلىنىش )رەت تەرتىپى ۋە قۇرۇلمىسىمۇ ئوخشىمايدۇ؛ئادەمنىڭ گېن زەنجىرى قىسقا ، ۋاكوم ۋە ئەخلەت گېنلارمۇ ئازراق؛ مايمۇننىڭ بولسا ئۇزۇن، ۋاكوم ۋە ئە خلەت گېنلار(ھازىرچە ئىنىق فونكىسىيەسى ۋە رولى بارلىقى تېخى نامەلۇم گېنلار) كۆپ . بۇخىل رىئاللىق ئادەم بىلەن مايمۇندىن ئىبارەت بۇ ئىككى تۈرنىڭ گېن سانى گەرچە ئوخشىشىپ

كەتسىمۇ، ئۇلارنىڭ گېن قۇرۇلمىسى شەكلى ، گ ورۇپلىنىش (تەشكىللىنىش) ھالىتى، تەرتىپى ئوخشىمايدىغانلىقىنى
ئىپادىلەيدۇ. دېمەك ئاساسەن ئوخشاش مىقتاردىكى گېنلارنىڭ ئوخشىمىغان رەت تەرتىپ بويىچە، ئوخشىمايدىغان
ھالەتتىكى گورۇپلىنىش شەكىلدىكى تۈزۈلىشى ، ئۇ گېنلا رنى ئوخشىمىغان مەزمۇن ۋە فونكى سىيەگە ئىگە قىلىپ،
ئىنسان بىلەن مايمۇن، شۇنداقلا يەنە گېن سانى ئوخشىشىپ كېتىدىغان نۇرغۇن باشقا ھايۋانلارنىڭ تۈر تەۋەلىكى، ئەقلىي
ئىقتىدارى، ھازىرقى مورفولوگىيەسى، ئاناتومىيەسى، فىزىلوگىيەلىك خۇسۇسىيەت ئالامەتلىرى جەھەتتىكى بىر تالاي
ئاسمان زېمىندەك زور ھەم روشەن پەرقلەرگە بىۋاستە سەۋەپ بولغاندۇر . بۇنىڭدىن مەلۇمكى جانلىقلارنىڭ قايىسى تۈرگە
تەۋە ئىكەنل ىكىنى ئۇلارنىڭ ئىرسىيىتىنى بەلگ ىلەيدىغان گېنلار سانى بەلگ ىلىمەستىن شۇ گېنلارنىڭ
پروگراممىلىنىش( گورۇپلىنىش ) شەكلى بەلگىلەيدۇ دېگەن ئەقلىي خۇلاسە چىقىرىش مومكىن. بۇنىڭدىن قارىغاندا
ھاياتلىق ئىلمىلىك شەكىل ئۇقۇمىنى چوڭقۇرلاپ تەتقىق قىلىشنىڭ ئەھمىيىتىگە سەل قاراشقا بولمايدۇ . شەكىل
ئالامەتلەرنىڭ ئىرسىيەت ئارقىلىق ئىپادىلىنىدىغانلىقىدىن گۇ مانلىنىدىغان گېرمانىيەلىك زولوگ ىيە پروفېسسورى
ئوگوست ۋېسمان (1834.1.17-.221914.11.5 August Weismann;) ئەۋلات چاشقان ئىچىدىكى 1592جۈپ چاشقاننىڭ
قۇيرىقىنى كېسىۋەتىپ چ ېتىشتۇرغاندىن كېيىنمۇ ، كېيىنكى ئەۋلادىدىنىڭ ئوخشاشلا قۇيرۇقى بار تۇغۇلغان . بۇنداق
تەجرىبىدىن غىدىقى كەلگەن ئىدرا كىق ئادەملەر مۇنداق مونولوگ قىلىشىدۇكى : بىر تال مەڭ ، كىچىككىنە سەپكۇن
چاغلىق مىكرو شەكىل ئالامەتلەرمۇ ئىنتايىن كۈچلىك نەسىل قوغلاش (ئىرسىيەتچانلىق)كۈچىكە ئىگە تۇرسا ،
كىملەر شۇ بىچچارە مايمۇنلار چىمەن تاغدىكى دەرەخلەردىن سەكرەپ چۈشۈپ ئادەمگە ئۆزگىرىدىغان چاغدا ئۇنىڭ ئۇزۇن
ھەم يوغان قۇيرىقىنى « مەڭگۈ ئۆسمەيدىغان »قىلىپ كېسىۋەتكەن بولغۇيتى ھە ! تېخى ئۇنىڭ كۆرۈمسىز ھەم ماناق
بۇرۇنلىرىنى شەكىل تۈزەش ئوپېراتسىيەسى قىلىپ، قاڭشار چىقىرىپ قويۇشلىرىغا قارىمامدىغان !

ئۇندىن باشقا ، يۇقۇرقىلارنى دارۋىننىڭ قىياسى بويىچە تەققاسلاپ ئانالىز قىلىپ كۆرۈدىغان بولساق ، ئادەم بىلەن
مايمۇنلار ئوتتۇرىسىدا زادىلا ئۇلىغىلى بولمايدىغ ان «كەمتۈك (ئۈزۈك)ھالقىلار»مەۋجۇت بولۇپ، بۇ كەمتۈك ھالقىلارنى
ئۇلاش(جىپسىلاپ) تەدرىجى تەرەققىياتنى سىجىل (ئىزچىل)داۋاملاشتۇرۇش ئۈچۈن بۇ كەمتۈكلۈكلەرگە تەۋە بولغان
ھەم ئۇنى دارۋىن تەدرىجى تەرەققىيات نەزىرىيەسى بىلەن چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيدىغان ئىسپاتنى تېپىشقا ۋە ياكى دارۋىننىڭ
نەزىرىيەسىدىكى جىپسىلاشمايدىغان ۋاقىت (يىلنامە)تەرتىپىنى قايتىدىن دارۋىننىڭ قارىشىنى قوللايدىغان قىلىپ
يېڭى باشتىن يېزىپ چىقىشقا توغرا كېلىدۇ . تولىمۇ ئەپسۇسكى، ئىلىم- پەندە «قوش ئۆلچەم قويۇش»،«ھەقىقەتنى ئۆزى
ئۈچۈن ئىگىپ پايدىلىنىش »تەك قىلمىش تەنتەكلىك، پاراسەتسىزلىك ۋە پەزىلەتسىزلىك بولۇپ، بۇنى بۇگۈنكى زامان
ھاياتلىق ئىلمىنىڭ غورۇرى ۋە ۋىجدانى ئەسلا كۆتۈرەلمەيدۇ .

جاڭ زېڭيى ئەپەندىمنىڭ تە ھلىلى بويىچە ئېيتقاندا، ئامېرىكىدىكى تەدرىجى تەرەققىيات نەزىرىيەسىگە قارشى ھەركەت
پەقەتلا ئىلىم- پەن بىلەن دىننىڭ توقۇنۇشىنىڭ ئىپادىسىلا ئەمەس . ئۇنى ئاددى ھالدا نادان بىلىمسىزلەرنىڭ
ئىلىم-پەنگە قارشى ھەركىتى دەپ يەكۈن چىقىرىشقىمۇ بولمايدۇ . شۇڭا ئۇنى ئوخشىمىغ ان ئىلمى قاراش ياكى
ئىلىم-پەن چەك چېگىرىسى ئۆلچىمىدىكىلەرنىڭ ،شۇنداقلا ئالاھىدە ئىجتىمائى ،سىياسى ۋە مەدەنىيەت

مۇھىتىدىكىلەرنىڭ بىۋاستە ئىدىيە ت وقۇنۇشى دەپ چۈشۈن ۈش كېرەك . بىز يەنە شۇنىمۇ بىلىشىمىز كېرەككى،
دارۋىننىڭ نەزىرىيەسى مول ئىجتىمائى مەنالارغىمۇ ئىگە بولۇپ، كىشىلەر ئۇنى ھەرخىل ، ھەر نۇسقا ئىشلىرىغا
«نەزىرىيەۋي قالقان» ۋە«ئىلمىي دەستەك»قىلىشقا ئادەتلىنىپ كېتىشتى .يەنە شۇنداقلا ئۇ تەبىئى ھالدا ئوخشىمىغان
چۈشۈنۈش ۋە ئوخشىمىغان مەيداندىكى كىشىلەرنى قارشىلاشتۇرىدۇ . يەنە بىر تەرەپتىن قارىغاندا ئاق تەنلىكلەر ب ىلەن
قارا تەنلىكلەرنىڭ ھاياتلىق ئىلمى دىكى باراۋەرلىكى ئاق تەنلىك ئىلىم ئەھلى نىڭ ئىجتىمائى ئورنىغا نىسبەتەن
بىرخىل خىرىس ئېلىپ كېلىۋاتقاندەك تەسىر بېرىپ قويغانلىقتىن، بىر قىسىم ئاق تەنلىك ئىلىم ئەھلى چېكىدىن
ئاشقان شەخسىيەتچىل ئۆزلۈك ئېڭىنىڭ كىشەنلىشى بىلەن ئۆزى تەۋە بولغان ئىرقىتىكىلەر تۈر توپىنىڭ ئىجتىمائىي
ئۈستۈنلىكىنى دەپ ئىلىم- پەن ھەقىقەتلىرىنى ئاستىن ئۈستىن قىلىۋېتىشكە ئۇرۇنۇش ھادىسىسىمۇ قىسمەن يوق
ئەمەس. مۇنازىرە ۋە تالاش تارتىش كۆپىيىۋاتقان ش ارائىتتا،يەنە بىر قىسىم «سۇنى لېيىتىپ بېلىق تۇتۇش »قا ئامراق

كىشىلەر بۇ مۇنازىرىگە ئارىلىشىپ گۇپپاڭچىلىق قىلىپ، مۇھاكىمىنى قالايمىقان قىلىدىغان ھەرخىل ساختا ئىلىم-پەن ۋە ساختا ئىلىم ئەھلى ھادىسىلىرىمۇ مەۋجۇت،ئەلۋەتتە . تەدرىجى تەرەققىيات نەزىرىيەسىگە رەددىيە بېرىپ يارىتىلىش نەزەرىيەسىنى قوللايدىغان Levin ئىسىملىك بىرسى :«ئالدى بىلەن، ھ اياتلىقنىڭ بىردىن بىر يىگانىلىقى تۇپەيلىدىن بىز ھاياتلىقنىڭ نىمىلىكىنى ئىن ىق چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيمىز ھەم ھ ېچكىممۇ تەجرىبەخانىدا بىرەر ھاياتلىقنى رەسمىي بارلىققا كەلتۈرەلىگىنى يوق . ئاندىن مۇرەككەپ ئورگانىك تەنچىلەرنىڭ ھەممىسى كومبىريان (مۇز)دەرۋىدە توساتتىن بىراقلا پەيدا بولۇپ قالغانلىقى پاكىت . ئۈچۈنچىدىن ،تاش قاتما خاتىرلىرىدە ئۆتكۈنچە ھالەتلەر كەم ، ئۆزۈكلۈك ھەم كەم ھالقىلار كۆپ . تۆتىنچى ، نەچچە مىلىيون دوللارلىق سەرخىل ئۈسكۈنىلىرىگە ئىگە ئىلغار تەجرىبەخانىلارنىڭ بىرەسى ھايۋاناتلار نىڭ بىرەر تۈرىنى باشقا بىرەر تۈرگە ئۆزگەرتەلىگىنى يوق. »دەيدۇ. شۇڭا بىزنىڭ ھىچ بولمىغاندا ھازىرچە دارۋىن تەدرىجى تەرەققىيات نەزىرىيەسىگە ئىشىنىشكە ئاساسىمىز يېتەرلىك ئەمەس . مەشھۇر ئاستىرنوم Fred Hoyle كالىفورنىيە تەبىئى پەنلەر سانائەت پەنلىرى ئىنوستىتوتىدا سۆزلىگەن بىر قېتىملىق نۇتقىدا:« ئاددى جانلىقلار كىچىك مالېكۇلىسىدىن تەرەققى قىلىپ ھازىرقىدەك ئالى دەرىجىلىك ھايۋانغا ئۆزگىرىش ئۈچۈن ئالەمنىڭ ئون مىليارت يىللىق يېشىمۇ يەتمەيدۇ ». دەيدۇ.بۇنىڭدىن قارىغاندا،«تەدرىجى تەرەققىيات ياكى توساتتىن ئۆزگىرىش بولمىسۇن‘ تەدرىجى تەرەققىيات جەريانىنى ئىسپاتلىيالايدىغان ئالاقىدار ئاچقۇچلۇق ئامىللارنى ’ ئىھتىمال مەڭگۇ قولاقتا ئاڭلاپ ،كىتابتا كۆرەلىشىمىز بىراق مەڭگۇ ئۇنىڭغا ئېرىشەلمەسلىكىمىز مومكىن ».

-20ئەسىرنىڭ 90-يىللىرىدىن باشلاپ ئىنسانلار گېن گۇرۇپپىسى سىخىمىسىنى ئىنىقلا ش پىلانىنىڭ يولغا قويۇلىشى ۋە تاماملىنىشىغا ئەگىشىپ،ھاياتلىق ئىلمى گېن گۇرۇپپىسى دەۋرىنىنىڭ مۇقەددىمىسىنى ئاچتى . بۇنىڭ بىلەن پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ زور دەرىجىدە قىزىقىشىنى قوزغىدى ھەمدە ھاياتلىقنىڭ كېلىش مەنبەسى ۋە ئىنسانىيەتنىڭ ئاپىرىدە بولۇش جەريانىدىكى تە تقىقاتنىڭ كەلگۈسى ئۈمۈدىنى گېن تەتقىقاتىغا باغلىدى . لىكىن گېن ئاتلاسى سىزىپ چىقىلىپ ،كۆپلىگەن خىروماسۇمادىكى گېنلارنىڭ ئاساسلىق فونكىتسىيەسى دەسلەپكى قەدەمدە ئىنىقلانغان بولسىمۇ ،بىراق گېنىنىڭ ھاياتلىق ئىلمىلىك فونكى سىيەسى زادى نىمە دېگەننى چوڭقۇرلاپ تەتقىق قىلىش پەقەت چاشقان تەقلىدى تەتقىقاتىدىكى ھۆجەيرە سەۋىيەسىدە تۇرماقتا . ئۇندىن باشقا،ئادەم بىلەن ئورانگوتان-شىنفەنزە ۋە چاشقان گەرچە پىرماتىكPrimates)؛بىر قەدەر ئەقىللىك ھىساپلىنىدىغان ) سۈت ئەمگۈچى ھايۋانلارغا تەۋە بولسىمۇ ،لىكىن ئۇلارنىڭ چوڭ مېڭىسىدىكى پەر ق ئاسمان زېمىندەك غايەت زور بولغانلىقى ۋە تەجرىبە جەھەتتىكى تۈرلۈك مۇشكىلاتلار ھەم ھەرخىل چەكلىمىلەر تۇپەيلىدىن، تەجرىبە ۋە تەتقىقاتتا بۆسۈش خاراكتىرلىك ئىلگىرلەش يوق دىيەرلىك .شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ھەقتىكى تەتقىقات نەتىجىلىرىنى تامامەن مۇكەممەل بىلىش دەپ ئېيتىشقا ھازىرچە بالدۇرلۇق قىلىدۇ . ناۋادا بۇندىن كىيىنكى تەتقىقاتتا يېڭى بۆسۈش بولۇشنى قولغا كەلتۈرىمىز دەيدىكەنمىز ئىنسان بىلەن تېخىمۇ «يىقىن تۇغققاندارچىلىق »مۇناسىۋىتىگە ئىگە بولغان باشقا پىرماتىك ھايۋانلار ئۈستىدە بىۋاستە تەتقىقات ئېلىپ بېرىش زۆرۈر بولسا كې رەك ! ئالىملار HGP(ئىنسانلار گېن تەتقىقاتى پىلانى ) ئارقىلىق ئىنسانلار گېنىنى ئۇزىل-كېسىل ئېنىقلاپ چىقىشنى ئارزۇ قىلىشقان بولسىمۇ ، ھاياتلىق سىرلىرىنىڭ ھەممىسىنى پۈتۈنلەي گېن پىلانى تەتقىقاتىدىن ئىبارەت بۇ «ساماۋىي كىتاب (Double Dutch, 天 书 )»قا پۈتۈلگەنلىكىنى ، ھاياتلىق ھىكمەتلىرىنىڭ نۇرغۇن سىرلىرى «ئېغىز ئېچىش تەس(有口难言)»بولغان تىلسىملىق تەرەپلىرىنىڭمۇ بارلىقىنى ئەسكەرتىپ ئۆتىشنى ئۇن ۇتمىدى. ۋاھالەنكى، ئىنسانلارنىڭ گېن ئاتلاسىدىن ئىبارەت بۇ «ساماۋىي كىتاب»مۇ ئىھتىمال ئۆزلىكسىز تۈزىتىلىپ تۇرىشى؛ ئۇ يەنە كۆپخىللىق ، مۇرەككەپلىك ، تاساددىبىيلىق ، ئۆزگىرىشچانلىقلارغا ئىگە بولۇپ ، بۇلارنىڭ ھەممىسى يەنىلا شۇ ھاياتلىق ساھەسىدىكى ئەنۇشۇ «ساماۋىي كىتاب»قا پۈتۈلگەن مۇقەددەس پىروگىراممىلاردىن ھالقىپ كېتەلمىسە كېرەك! ( داۋامى بار)